يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن جۇڭيى تېبابىتىنىڭ كۈچىنى قوشۇش

## —— ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار خىزمەتچى لى فېڭسېن توغرىسىدا

### ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جەڭ مەيدانىدا، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتىن تارتىپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىچە بولغان پۈتۈن زەنجىرگە ئارىلىشىپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى توسىدىغان «مۇداپىئە تېمى» بەرپا قىلدى.

ئېغىر يۇقۇم قاتتىق سىناققا ئوخشايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسى جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتى بىرلەشتۈرۈلگەن نەپەس ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋراچى لى فېڭسېن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جېڭىدە باشتىن - ئاخىر بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، تەجرىبىسى ۋە ئويلىغانلىرى ئاساسىدا 2000 پارچىدىن ئارتۇق ئۈنۈملۈك رېتسېپ يېزىپ چىقىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭيى تېبابىتىنىڭ كۈچىنى قوشتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار خىزمەتچى، «بېيتيونچە ياخشى دوختۇر» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

### «تۆرلۈك داۋالاش رېتسېپى» پەقەت ساغلاملىقنى قوغداش ئۈچۈن

2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇيۇقسىز تارقالدى، شىنجاڭدىمۇ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى كۆرۈلدى. لى فېڭسېن نەپەس كېسەللىكلىرى كەسپىدىكى جۇڭيى تېبابىتى مۇتەخەسسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش - قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ، بىرىنچى ۋاقىتتا بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسىغا يېتىپ باردى.

پەلەي كىيىپ تومۇر تۇتۇش، كۆز قوغداش ئەينىكى تاقاپ تىل رايىغا قاراش، يۇقۇم جۇڭيى دوختۇرىنىڭ «كۆرۈش، ئاڭلاش، سوراش، تۇتۇش»نى توسۇيالمىدى. بىر جۈپ ياشانغان ئەر - خوتۇننىڭ كېسىلى قايتا - قايتا قوزغىلىپ، نۇكلېئىك كىسلاتاسى 40 نەچچە كۈنگىچە مەنپىيگە ئۆزگەرمىگەن ۋاقىتتا، لى فېڭسېن جۇڭيى دورىسى رېتسېپى يېزىپ بەردى، ئۈچ كۈندىن كېيىن، بۇ ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىيگە ئۆزگىرىپ، ئاخىر ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى.

بىر تەرەپتىن قۇتقۇزۇش - داۋالاش، بىر تەرەپتىن خۇلاسىلەش، بىر تەرەپتىن ئەلالاشتۇرۇش، لى فېڭسېن ۋۇخەندە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق جۇڭيى تېبابىتى مۇتەخەسسىسلىرى ھەمدە شۇ جايدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ، دۆلەتنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسى ۋە شىنجاڭنىڭ رايون، كىلىمات ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئاغرىقلاردىكى كېسەل قوزغىلىش ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىنى جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن داۋالاش لايىھەسى» قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم پۈتۈن شىنجاڭغا بېسىپ تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاشتىكى كلىنىكىلىق داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

لى فېڭسېن «ئورگانىزملارنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بەدەن ئېھتىياجلىق ماددىلارنى تولۇقلاش» پىرىنسىپى بويىچە ئۆزى بىۋاسىتە تۈزۈپ چىققان ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش رېتسېپى «1 ـ نومۇرلۇق رېتسېپ»نىڭ كېيىنكى مەزگىلدە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنىڭ مەنپىيگە ئۆزگىرىشى جەھەتتە ئۈنۈمى روشەن بولدى؛ «3 ـ نومۇرلۇق رېتسېپ» ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئاغرىقلاردا ئۆپكە تالالىشىش كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە قارىتا تىزگىنلەش رولى روشەن بولدى؛ «4 ـ نومۇرلۇق رېتسېپ» دۆلەتنىڭ 8 ـ نۇسخىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىگە ئاساسەن تەڭشەلگەن «بەدەن ئېھتىياجلىق ماددىلارنى تولۇقلاپ، زەھەر قايتۇرۇش» رېتسېپى... لى فېڭسېن كۈندۈزلىرى كېسەلخانىغا كىرىپ ئاغرىقلارنى تەكشۈرۈپ كېسەللىك ئەھۋالىنى باھالىسا، كەچلىرى ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىپلا رېتسېپ يېزىش ئۈستىدە ئويلاندى، بەزىدە بېشىنى كۆتۈرگىنىدە تاڭ يورۇپ كېتەتتى.

### پەرقلەندۈرۈپ داۋالاش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش

7 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندە، ياشانغان ئاغرىقلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاساسىي كېسىلى مۇرەككەپ، ئەگەشمە كېسىلى كۆپ ئىدى. لى فېڭسېن ۋۇخەننىڭ جۇڭيى تېبابىتى، غەرب تېبابىتى بىرلەشتۈرۈلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش تەجرىبىسىدىن جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

لى فېڭسېن ھەم مۇتەخەسسىس، ھەم جەڭچى. ئۇ ھەر كۈنى دۆلەتنىڭ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىپ، مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ بىرىنچى سەپكە بېرىپ، ئالاھىدە ئاغرىق مىساللىرىغا قاراتمىلىق ھالدا نەق مەيداندا «يەككە رېتسېپ» يېزىپ بەردى. كېسەللىك ئەھۋالى ئالاھىدە بولغان ياشانغان ئاغرىقلارغا قارىتا، ئۇ بىر كۈندە كۆپ قېتىم كېسەلخانىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرۈپ، تىل گېزىنى كۆرۈپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراپ، دورا رېتسېپى ۋە دورا مىقدارىنى ۋاقتىدا تەڭشىدى. بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى مەزگىلدە، ئۇ ئاغرىق مىساللىرىدىن جەمئىي 1600 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇقنى مۇزاكىرە قىلدى، ھەمكارلىشىپ قۇتقۇزغان ئاغرىق 100 ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، جۇڭيى دورىسى رېتسېپىدىن 2000 پارچىدىن ئارتۇقنى يازدى ھەم كېسەللىك جىددىي مەزگىلى، ئەسلىگە كېلىش مەزگىلى ھەم ئالدىنى ئېلىش مەزگىلىگە قارىتا ھەممىباب رېتسېپتىن ئۈچ پارچىنى ئۆزى بىۋاسىتە تۈزدى، بۇنىڭ كلىنىكىلىق ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسىدا، ئاغرىقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، لى فېڭسېن تەشەببۇس قىلغان پەرقلەندۈرۈپ پەرۋىش قىلىش ۋە جۇڭيى تېبابىتى بويىچە دورا ئىشلەتمەي داۋالاش ئۇسۇلى ئىككى چوڭ ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئاغرىقلاردا دائىم دېمى سىقىلىش، يۈرىكى سېلىش، ئاشقازىنى كۆپۈش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە، دوختۇر - سېسترالار يىڭنە سانجىپ داۋالاش، ئەمەن بىلەن داغلاش، ئۇۋۇلاش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشتا قوللىنىپ، ئاغرىقلارغا پەللىنى بېسىش تېخنىكىسى ۋە سەككىز بۆلەكلىك گىمناستىكا قاتارلىق سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقلىرىنى قولمۇقول ئۆگەتتى. نۇرغۇن ئاغرىق ئۆزلىرى سىناپ باققاندىن كېيىن، جۇڭيى «مەستانە»سىگە ئايلىنىپ، جۇڭيى تېبابىتىنىڭ موللۇقى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى بەس - بەستە تەرىپلەشتى.

### ئۆكۈنمەي چىڭ تۇرۇش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنىڭ كۈچىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش

يىل بېشىدىكى يۇقۇمدىن تارتىپ ئۈرۈمچىدىكى يۇقۇمغىچە، يەنە قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يۇقۇمغىچە، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونىدىكى يۇقۇمغىچە، لى فېڭسېن بىر يىل يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق، ھەر خىل كېسەللىك ئەھۋالىغا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى پىششىق بىلىپ كەتتى.

«ھازىر ئاغرىقلارنىڭ پىلىونكىسىنى كۆرسەملا، قانداق دورا ئىشلىتىش كېرەكلىكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ھۆكۈم قىلالايمەن.» لى فېڭسېن مۇنداق قارىدى: كېيىنكى مەزگىلدە ئاندا - ساندا كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى بولغان يۇقۇمدا، پەقەت ياخشى كۆزەتسەك، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى يېنىك كېسەلدىن ئېغىر كېسەلگە ئۆزگىرىپ كەتمىسىلا، قۇتقۇزۇش - داۋالاشتا ئاساسىي جەھەتتىن جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىللاشقان، قېلىپلاشقان دىياگنوز قويۇش - داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ يىل، لى فېڭسېننىڭ ئۆيدە تۇرغان ۋاقتى ئىككى ئايغا يەتمىدى. بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆت ياللۇغى جىددىي قوزغىلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇلدى، ئېغىر ئۇيقۇسىزلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىددىي كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە ئۇ پەقەت ئۇيقۇ دورىسىغا تايىنىپلا ئۇخلىيالايدىغان بولۇپ قالدى.

«گەرچە نۇرغۇن ئىش بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغرىقلارنىڭ بىر - بىرلەپ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققىنىنى كۆرسەم، بۇ بىر يىلدا تارتقان جاپايىمنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.» لى فېڭسېننىڭ ئېيتىشىچە، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان بۇ مەيدان جەڭدە، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن جۇڭيى تېبابىتىنىڭ كۈچىنى قوشۇش ئۇنىڭ ئۆكۈنمەيدىغان تاللىشى ئىكەن. نۆۋەتتە، ئۇنىڭ «2020 ـ يىللىق شىنجاڭنىڭ ئاممىۋى سەھىيە ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تۈرى (يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، شىنجاڭدىكى يەرلىكتە كۆپ كۆرۈلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەتقىقاتى)» توغرىسىدىكى تەتقىقات تېمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تۈر تۇرغۇزۇشىغا ئېرىشتى، ئۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدا جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى ئارقىلىق دىياگنوز قويۇش - داۋالاش قانۇنىيىتىنى خۇلاسىلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ ئەلا لايىھە تۈزۈپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنىڭ كلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارغا 891 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ قايتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش شەرتىنى بوشاشتۇرۇپ، قايتۇرۇپ بېرىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، قايتۇرۇش ئۆلچىمىنى كارخانا ۋە ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئالدىنقى يىلى ئەمەلىي تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 50%دىن 100%كىچە ئۆستۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى بارلىق كارخانىلارغىچە كېڭەيتكەن.

ئاپتونوم رايونىمىز ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ھەم ئەسلىگە كېلىشىدىن ئۈمىد بار، خادىم قىسقارتماسلىقتا، ئاز قىسقارتىشتا چىڭ تۇرغان سۇغۇرتىغا قاتناشقان قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا قارىتا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇشتا مايىل بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي قىيىنچىلىقى بار 21 كارخانىغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن 60 مىليون يۈەن قايتۇرۇپ بېرىلىپ، 9000دىن كۆپرەك ئىشچى - خىزمەتچىگە نەپ يەتكۈزۈلگەن.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامراتلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىدىكى كەسپىي ئورۇنلارنىمۇ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ قايتۇرۇش سىياسىتى دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 143 كەسپىي ئورۇنغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن 10 مىليون يۈەن قايتۇرۇپ بېرىلىپ، 28 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىگە نەپ يەتكۈزۈلگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى يەن كېمىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغانلارغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇش سىياسىتى 2016 ـ يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، قاپلاش دائىرىسىنىڭ يىلدىن - يىلغا كېڭىيىشى، قايتۇرۇش نىسبىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، نەپكە ئېرىشكەن كارخانىلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. 2016 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 22 مىڭ كارخانىغا ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن 774 مىليون يۈەن قايتۇرۇلغان.

«بىز ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغانلارغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى قايتۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ھەم تېخىمۇ كۆپ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، ھەم دىققەتنى كۆپ قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان باشلامچى كارخانىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەبلەغ بىلەن قوللاش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى يەن كېمىڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

4 ـ پەسىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلىشىپ، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت كەسپىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان توك داۋاملىق ئاشقان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، توك بىلەن ئىسسىتىشنىڭ قاپلاش دائىرىسى كېڭىيىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان ساھەلەر كېڭىيىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىشىدە زور دەرىجىدە ئۆرلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن.

11 ـ ئايغا قەدەر، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ 1 ـ كەسىپتە سېتىلغان توك مىقدارى 1 مىليارد 876 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20.33% ئاشقان؛ 3 ـ كەسىپتە سېتىلغان توك مىقدارى 34 مىليارد 164 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 21.21% ئاشقان؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئىشلەتكەن توكنىڭ سېتىلىش مىقدارى 10 مىليارد 754 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17.35% ئاشقان.

«ئېلېكتر تورىنىڭ توك ئىشلىتىش يۈكىدە تارىختىكى يېڭى رېكورت يارىتىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشى ھەمدە توك بىلەن ئىسسىتىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى قاتارلىقلاردۇر. بىز قىش پەسلىدىكى ئېغىر يۈكتىن ئالدىن سىگنال بېرىپ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى قوزغاتتۇق، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئاممىنىڭ توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىمىز» دېدى دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش - كونترول قىلىش مەركىزى ئورۇنلاشتۇرۇش - كونترول قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى سەي پېڭچېڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۆۋەنكى بازارباغ مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى فېڭ جىجيې مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ مەھەللىدە 6805 ئائىلىلىك 18 مىڭ ئادەم بار، تەۋەلىك رايوندا كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار كۆپ، سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر كۆپ، ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيلەر كۆپ، ئىلگىرى ئامانلىق قىيىنچىلىقى، ئىلتىماس - تەلەپ ۋە زىددىيەت - ماجىرالار ناھايىتى كۆپ ئىدى. «مەھەللىدە مەسىلە كۆرۈلگەندە مەھەللە كادىرلىرىنىڭ ئاممىنىڭ بىرلىكتە ھەل قىلىشىغا تايىنىمىز، كۆپچىلىك بىرلىكتە كۈچ چىقارغاندىلا، قىيىن مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.» فېڭ جىجيې مۇنداق دېدى: يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پونكىتى، قىزىل مۈلۈك باشقۇرۇشنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش نۇقتىسى، پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مۇلازىمەت رامكىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئامما نۇقتىدا زاكاز قىلىش — ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پونكىتى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش نۇقتىسىدا زاكاز ئەۋەتىش — پىدائىيلار زاكازنى قوبۇل قىلىشتەك پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەھەللە، مۈلۈك باشقۇرۇش، ئاھالىلەرنىڭ ئۆزئارا پىكىرلىشىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ياخشى ئىدارە قىلىشقا تۈرتكە بولدۇق.

مەھەللە يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پونكىتىدا، خىزمەتچى خادىملار خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت زالىدا ئاھالىلەرنى «قىزىل ۋاكالىتەن بېجىرىش» مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەۋاتاتتى، 79 ياشلىق ئاھالە ئەخەت ئىبراھىم بىرنەچچە قوشنىسى بىلەن «تېلېۋىزور تېمى» ئالدىدا ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملەنگەن قىسقا فىلىمنى كۆرۈۋاتاتتى. كىتاب قويۇلغان بۇلۇڭغا باللار يىغىلغانىدى، شاھمات ئۈستىلىنى ياشانغانلار چۆرىدەپ تۇرۇشقانىدى، ھەممىلا جايدا خۇش چىرايلارنى كۆرگىلى ۋە كۈلكە سادالىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

«ئامما قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، پىدائىيلار ۋە مەھەللە ھەل قىلىشقا تىرىشىپ ياردەم بېرىدۇ.» ئەخەتنىڭ ئېيتىشىچە، نەچچە ئاي ئىلگىرى، ئۇ ۋە 15 ئائىلىلىك ئاھالىنىڭ ئۆيى چېقىپ كۆچۈرۈش رايونى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تېخى يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆيىگە كۆچمەي تۇرۇپلا، كونا ئۆيلەرنىڭ سۇ تەمىنلەش تۇرۇبىسىدىن مەسىلە چىققان. ئۇلار مەسىلىنى پىدائىيلارغا ئىنكاس قىلغان، پىدائىيلار مەھەللىگە ئۇقتۇرغان، مەھەللە دەرھال يۇقىرىغا ئىنكاس قىلغان. ئىككى كۈن ئىچىدە ئاقسۇ شەھەرلىك سۇچىلىق گۇرۇھى ئۇلارغا يېڭى تۇرۇبا ئۇلاپ بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ مەھەللىدە يەتتە پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى بار، ھەر ھەپتىدە پىدائىيلارنى تەربىيەلەش، پىدائىيلار پائالىيىتىنى پىلانلاش، پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلىدۇ، بۇ يىل تۈرلۈك پىدائىيلار مۇلازىمىتىدىن 2200 قېتىمدىن ئارتۇق قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاممىغا 13 مىڭ ئادەم قېتىم مۇلازىمەت قىلىندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)